باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو پىيونېرلار ئەترىتى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا ئەۋەتكەن تەبرىك خېتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پىيونېرلارنى ۋە ئۆسمۈرلەر - بالىلار خىزمەتچىلىرىنى چەكسىز ئىلھاملاندۇردى ——

# ئەترەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمىز

□ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭگو پىيونېرلار ئەترىتى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى بېيجىڭدا ئېچىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ قىزىل گېنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، كەڭ پىيونېرلارنى كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرىدىن بولۇشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پىيونېرلار ۋە ئۆسمۈرلەر - بالىلار خىزمەتچىلىرى بۇنىڭدىن چەكسىز ئىلھام ئالدى، كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىرادە تىكلەپ، ئەخلاق يېتىلدۈرۈپ، ماھارەت يېتىلدۈرۈپ، پارتىيەنى قىزغىن سۆيۈپ، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، خەلقنى قىزغىن سۆيۈپ، ئەترەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، تىرىشىپ كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرىدىن بولىمىز.

## ئىرادە تىكلەيمىز، ئەخلاق يېتىلدۈرىمىز، ماھارەت يېتىلدۈرىمىز

قاراقاش ناھىيەسى ماڭلاي يېزىسى ئاقتام باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ 5 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئايشە ئالىمجان قۇرۇلتايغا قاتناشقاندىن كېيىن، ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: شى بوۋامنىڭ تەبرىك خېتىنى ئوقۇپ ناھايىتى ئىلھاملاندىم، بۇنىڭدىن كېيىن پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۇلۇغ غايە تىكلەپ، ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلەت يېتىلدۈرۈپ، يېڭى دەۋر يۈكلىگەن ئېغىر ۋەزىپىنى زىممەمگە ئېلىپ، كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرىدىن بولۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىمەن.

قاراماي شەھەرلىك 7 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پىيونېرى تاۋ پېيۈەن يىغىندىن كېيىن ھاياجىنىنى باسالمايلا قالدى، ئۇ مۇنداق دېدى: ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، مەڭگۈ پارتىيەنى قىزغىن سۆيىمەن، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىمەن، خەلقنى قىزغىن سۆيىمەن. مەن بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشنىڭ تەستە قولغا كەلگەنلىكىنى چوڭقۇر بىلىمەن، مەن ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، قىزىل گېنىغا ۋارىسلىق قىلىمەن.

«شى بوۋامنىڭ تەبرىك خېتىنى ئوقۇپ، بويۇنۇمدىكى قىزىل گالستۇكنى سىلاپ، زىممەمدىكى مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچىنى ھېس قىلدىم، مەن پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، مەڭگۈ پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، تىرىشىپ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىدىن بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىمەن» دېدى پەيزاۋات ناھىيەسى جامباز يېزىسى گال باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ 4 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى ئابدۇللا ھەسەنجان.

## قىزىل گېنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرىمىز

پىيونېرلار ئەترىتى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى پىيونېرلار ئەترىتى يېتەكچىلىرى، پىيونېرلار ئەترىتى خىزمەتچىلىرىنىڭ تەربىيەلىشى، يېتەكلىشى ۋە ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇرۇلتوقاي ناھىيەلىك پىيونېرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ باش يېتەكچىسى، ياشلار، ئۆسمۈرلەر پائالىيەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى سۇن خۇيشيا مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك خېتى پىيونېرلار ئەترىتىگە بەخت تىلىدى، يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، يېتەكچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن مەۋقەنى ئۆز خىزمىتىمگە قويۇپ، تولۇپ تاشقان مېھىر - مۇھەببىتىم بىلەن ئۆزۈمنى بېغىشلايمەن، سىياسىي ساپايىمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پىيونېرلار ئەترىتى خىزمىتىنى مەكتەپ خىزمىتى بىلەن چوڭقۇر بىرلەشتۈرۈپ، ئۆسمۈرلەر - بالىلارنى پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا يېتەكلەيمەن.

«باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك خېتىنى ئوقۇپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇم ۋە ئىشەنچىم تېخىمۇ ئاشتى، پىيونېرلار ئەترىتى خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىمنى تولۇق ئادا قىلىپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيەۋى تەربىيە خىزمىتىنى جان - دىلىم بىلەن ياخشى ئىشلەپ، پارتىيەنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، خەلقنى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتىنى بالىلارنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقۇزۇپ، قىزىل گېننى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرىمەن» دېدى باي ناھىيەسى بۆلۈك يېزىلىق توققۇز يىللىق ئىزچىل ئوقۇش تۈزۈمىدىكى مەكتەپ چوڭ ئەترىتىنىڭ يېتەكچىسى تۇرسۇنگۈل ئاۋۇت قۇرۇلتايغا قاتناشقاندىن كېيىن ھاياجانلانغان ھالدا. ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ئالغا بازارلىق دۆلەت ئورتاق تىلى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى قۇربان نىياز مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پىيونېرلار ئەترىتى خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىپ، مەكتەپتە جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان تېخىمۇ كۆپ سەنئەت دەرسلىكى تەسىس قىلىپ، بالىلارغا جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى تەربىيەسىنى سىڭدۈرۈپ، بالىلارغا قارىتىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جۇڭخۇانى سۆيۈش ئۇرۇقىنى بالىلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا چاچىمەن.

## ئۆسمۈرلەر - بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، پىيونېرلار ئەترىتى خىزمىتىنى قوللايمىز

«ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى پىيونېرلار ئەترىتىنىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ھەم پۈتۈن جەمئىيەت پىيونېرلار ئەترىتىنىڭ خىزمىتىنى قوللاشنى كۈچەيتىشى، يېڭى دەۋردىكى ئۆسمۈرلەر - بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى پىيونېرلار ئەترىتىنى يېتەكلەپ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، قىزىل گالستۇكنىڭ يېڭى دەۋردىكى شان - شەرىپىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتىدە پىيونېرلار ئەترىتى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان تەلىپى ۋە ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن شۇجى ۋاڭ تاۋ مۇنداق بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئۆسمۈرلەر - بالىلار ۋە پىيونېرلار ئەترىتى خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، سىياسىي جەھەتتە، بالىلارنىڭ كىشىلىك ھاياتىنى باشلىشىدىكى ئاچقۇچلۇق باسقۇچىنى چىڭ تۇتۇپ، غايە - ئېتىقاد تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تۇرغۇزىدۇ؛ تەشكىلىي جەھەتتە، پىيونېرلار ئەترىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ پۇختىلايدۇ؛ قوشۇن جەھەتتە، پىيونېرلار ئەترىتى ئۈچۈن سىياسىي ساپاسى قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان، ئىقتىدار سەۋىيەسى يۇقىرى پىيونېرلار ئەترىتى يېتەكچىلىرى قوشۇنى بەرپا قىلىدۇ؛ خىزمەت جەھەتتە، پىيونېرلار ئەترىتى ئىسلاھاتىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا يەنىمۇ تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى پىيونېرلار ئەترىتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

«بىز پارتىيە ياشلار ئىتتىپاقىنى يېتەكلەش، ياشلار ئىتتىپاقى پىيونېرلار ئەترىتىنى يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، پىيونېرلار ئەترىتى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىمىز.» تۇرپان شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى چېن جېن مۇنداق دېدى: تۇرپان مائارىپ سىستېمىسىدىكىلەر دىققەتنى پىيونېرلار ئەترىتىنى سىياسىي جەھەتتە ئويغىتىش ۋە قىممەت قارىشى يېتىلدۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، غايە - ئېتىقاد تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پىيونېرلار ئەترىتى يېتەكچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە پىيونېرلار ئەترىتى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق قىزىل گېنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، يۇلتۇز مەشئىلىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد يەتكۈزۈپ، قىزىل گالستۇكنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرىدۇ.

دۆربىلجىن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ خۇ مۇنداق دېدى: «بىز ئۈزلۈكسىز تۈردە ھەر دەرىجىلىك پىيونېرلار خىزمىتى كومىتېتلىرى مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئۆسمۈرلەر - بالىلار پائالىيەت بازىلىرىنى كېڭەيتىپ، پىيونېرلار ئەترىتى يېتەكچىلىرى قوشۇنىنى تولۇق، كۈچلۈك سەپلەپ، پىيونېرلار ئەترىتىنىڭ پائالىيەت خىراجىتى كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ ئۆسمۈرلەر - بالىلارغا بولغان غەمخورلۇقى، كۆيۈنۈشىنى تۈرلۈك كونكرېت سىياسەت تەدبىرلىرىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆسمۈرلەر - بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، پىيونېرلار ئەترىتى خىزمىتىنى قوللاپ، ئۆسمۈرلەر - بالىلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، پىيونېرلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە پىيونېرلار ئەترىتى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىمىز».

**(مۇخبىر لياڭ لىخۇا، قاتناشقان مۇخبىرلار مېھرىگۈل ناسىر، ۋاڭ يۈكفېي، لىيۇ دۇڭلېي، لىيۇ يى، جاۋ جېيۈن، جاۋ شيا، لى ياڭ، ئىختىيارىي مۇخبىر جاڭ شىسەي)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

## ئورۇن بەلگىلەشنى كۆزلەش ——

### نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قانداق ئىشلەش كېرەك

يېيىلغان كەنتىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار، يېرى ئۈنۈمسىز، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر بىر موغىمۇ يەتمەيدۇ، چۆللۈك پۈتۈن كەنت ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 18.7%نى ئىگىلەيدۇ. پۈتۈن كەنتتىكى 759 ئائىلىلىك 3348 ئادەم ئىچىدە، 2014 - يىلى 434 ئائىلىلىك 2041 ئادەم ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن نامرات ئائىلە قىلىپ بېكىتىلگەن بولۇپ، نامراتلىق يۈزلىنىش نىسبىتى 63.47%كە يەتكەنىدى.

«بىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلغىمىز بار، لېكىن نېمە قىلىشنى، شۇنداقلا قانداق ئىشلەشنى بىلەلمەيدۇق.» بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ باش يېتەكچىسى، يېيىلغان كەنتى خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ئادىل ئەلى يېڭى كەلگەندە ئاڭلىغان كەنت ئاھالىلىرى ئەڭ كۆپ دېگەن سۆز ئىدى.

خىزمەت ئەترىتى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، خەلق رايىنى ئىگىلەپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاخىردا بارىن ئۆرۈكى، قىزىل ئالۇچا، شاپتۇل، يېمىش جىگدە ئاساس قىلىنغان خاس باغ - ئورمانچىلىق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى پۈتۈن كەنتنىڭ يېتەكچى كەسپى قىلىپ بېكىتتى.

كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ كۆپ قېتىم ئۇدۇللاشتۇرۇپ كېڭەشكەن ئارقىسىدا، ئەڭ ئاخىردا 4000 مو چۆل قاقاسلىقنى ياخشىلاپ باغ - ئورمان بازىسى بەرپا قىلىش بېكىتىلدى. ھالبۇكى، پۇقرالار ئەينى چاغدا بۇنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىدى.

«چۆل قاقاسلىقتا نېمە تېرىغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە بىزگە كۆپرەك سىياسەت قولغا كەلتۈرۈپ بەرسە بولاتتى».

«بىر نەرسە تېرىغان تەقدىردىمۇ، سۇ بولمىسا ئوخشاشلا ئەي بولمايدۇ».

......

پۇقرالارنىڭ ئەندىشىسى ئالدىدا، كەنت شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسى قاتارلىق تارماقلاردىكى مۇتەخەسسىسلەرنى تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ، باغ - ئورمان بازىسى قۇرۇلۇشى يېرىك پىلانى ۋە يەر ئۆزگەرتىش لايىھەسى تۈزدى، سۇچىلىق تارماقلىرى بىلەن سۇ ئىشلىتىش پىلانىنى كېڭىشىپ بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ئائىلىلەرگە كىرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، ئەندىشە - گۇمانلارنى تۈگىتىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئىشەنچىنى چىڭىتتى.

## يېتەكلەپ ئىشلەش ——

### تەر تۆكۈپ، ياش ئاققۇزۇپ بىرلىكتە سەپكە ئاتلىنىش

«ئىلگىرى بۇ يەر ناھايىتى چوڭ قاقاسلىق ئىدى، ھېچنېمە ئۈنمەيتتى.» 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، مېۋىلىك دەرەخلەرنى چاتاۋاتقان بۇپاتىمە ئاجى مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «قاراڭ، ئاۋۇ يولغا ئوخشايتتى».

بۇپاتىمە كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىسىڭىز، شېغىل يول پۈتۈنلەي چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان تاشلار بىلەن تولغانىدى. ئەگەر دىققەت قىلمىسىڭىز، ماڭغاندا ئاسانلا پۇتىڭىزنى قايرىۋالىسىز.

قۇرۇلۇش قىلىشتىن ئىلگىرى تۇپراق ئۆلچەندى، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى كەنت ئاھالىلىرىنى باشلاپ ئوخشاش بولمىغان جايدا بىر مېتىردىن ئارتۇق چوڭقۇرلۇقتا ئورەك كولىۋىدى، ھەممىسىدىن تاش چىقتى.

«شېغىلنى تاسقىۋېتىپ تۇپىسىنى ئالماشتۇرۇشتىن باشقا چارە يوق.» ئادىل مۇنداق دېدى: «چۆل قاقاسلىقتىن كولاپ چىقىرىلغان تۇپىنىڭ ھەممىسىنى ئادەم كۈچى ئارقىلىق تاسقاپ، تاشلىرىنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، قېپقالغان تۇپا بىلەن يىگىدىن ئېلىپ كېلىنگەن تۇپىنى ئارىلاشتۇرۇپ تىندۇردۇق. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يېڭى تۇپراق قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىر ئەتراپىدا بولمىسا بولمايتتى».

600 مىڭ كۇب مېتىردىن ئارتۇق تۇپا، ئىككى يېرىم يىل ۋاقىت بەدىلىگە، بۈگۈنكى باغ - ئورمان بازىسى بەرپا قىلىندى.

«خىزمەت ئەترىتى بىزنى باشلاپ تاشلارنى بىردىن - بىردىن يۆتكەپ، ئاز - ئازدىن تۇپا تىندۇرۇپ، بىر تۈپ - بىر تۈپتىن كۆچەت تىكتى، باغ - ئورمان بازىسىغا كۆپچىلىكنىڭ يۈرەك قېنى سىڭدى» دېدى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى زۇنۇنجان ياسىن.

ئادىل مېۋىگە تولغان دەرەخلەرگە قاراپ مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا چۆمدى. «قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا ۋاز كېچىشنى ئويلاپ باقمىدىم، كۆز يېشى قىلىپ باقمىدىم دېسەم يالغان گەپ قىلغان بولىمەن. بىز چىشىمىزنى چىشلەپ بەرداشلىق بەردۇق.» ئادىل ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ تۈرتكىمىزدە، كەنت ئاھالىلىرىمۇ ئاستا - ئاستا ئۆزگەردى، ئىشلەشنى خالىماسلىقتىن ئاڭلىق ئىشلەيدىغان بولدى، تاپا - تەنە قىلىشتىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىزگە تاماق ئەكېلىپ بېرىدىغان بولدى».

ئادەملەر ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتتى، تېرىلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ سويۇلدى، پۇت - قوللىرىنى قات - قات قاداق، يارا ئىزلىرى قاپلىدى، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ يېتەكچىلىكىدە، كەنتتىكى قېرى - ياش ھەممەيلەن سەپكە ئاتلاندى. باغ - ئورمان بازىسى ئاخىر دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى.

## شاد - خۇراملىققا چۆمۈش ——

### تۈرلۈك كەسپلەر بىر - بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش

«مەن باغ - ئورمان بازىسىدا 15 مو شاپتۇللۇق، 15 مو بارىن ئۆرۈكلۈكنى ھۆددىگە ئالدىم، يەنە بۇغداي بىلەن تاۋۇزنى كىرىشتۈرۈپ تېرىدىم، بۇ يىل 20 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىشنى مۆلچەرلىدىم.» باغ - ئورمان بازىسى بولغاچقا، ئايىمنىسا تۇردى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىدى، ئۇنىڭ خۇشاللىقى چىن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقتى. ھازىر باغ - ئورمان بازىسىدىكى 3000 مو يەرگە ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخ تىكىلىپ، ئەي بولۇش نىسبىتى 93%كە يەتتى، كەنت ئاھالىلىرى كىرىشتۈرۈپ تېرىغان تاۋۇز، بۇغداي، بېدە قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ.

كەنت بويىچە 68 دېھقان باغ - ئورمان بازىسىنى كۆتۈرە ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن نامرات ئائىلىدىكى 49 ئادەم بار، باغ - ئورمان تېخنىكىسى مۇلازىمەت ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، 116 نامرات ئاھالىنى قوبۇل قىلىپ ھەم ئورمان مۇھاپىزەتچىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، «كەنت كوللېكتىپىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كەسپى بولۇش، ئىشلەمچىلىك قىلىش يولى بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇردى. 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «سۇ ئۈستى باغچىسى» يېزا ئىگىلىك ئېكسكۇرسىيە تۈرى قەد كۆتۈردى؛ تۇپا ئالماشتۇرۇشتىن ھاسىل بولغان زور مىقداردىكى قۇم - شېغىل ماتېرىياللىرى ئىككى قۇم - شېغىل زاۋۇتىنى ماكانلىشىشقا جەلپ قىلدى، كېرەكسىز ماتېرىيال «خۇش پۇراق ماتېرىيال»غا ئايلاندى؛ قۇم - شېغىل زاۋۇتى تاسقاپ چىقىرىۋەتكەن كېرەكسىز تۇپا يەنە «سۇ ئۈستى باغچىسى» تەرىپىدىن مەنزىرە تاغ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىپ، كەسپلەر بىر - بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، بايلىقتىن تەكرار پايدىلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. چىنار دەرىخى تىكىلىپ، سۇمۇرغ جەلپ قىلىندى. كەنتتە شوپۇرلۇق مەكتىپى ئەمەلىي مەشىق بازىسى، ئۇن زاۋۇتى، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاش زاۋۇتى، قۇشخانا، قۇم - شېغىل ماتېرىياللىرى مەيدانى قاتارلىق 15 كىچىك، ئۇششاق كارخانا ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى، كالا فېرمىسى، كۆچەت يېتىشتۈرۈش تەجرىبە بازىسى قاتارلىق تۆت تۈر ئۇدۇللاشتۇرۇلۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈۋاتىدۇ، مۆلچەرلىنىشىچە، 200 نامرات ئاھالىنىڭ يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولىدىكەن، كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكى كىرىمىنى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئاشۇرىدىكەن.

«2019 - يىلى يېيىلغان كەنتى پۈتۈن كەنت بويىچە نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقتى.» ئادىل مۇنداق دېدى: «بىز داۋاملىق باغ - ئورمان بازىسىنى چۆرىدەپ خاس، ئەۋزەل كەسپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۇ يىل دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ 10 مىڭ يۈەندىن ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پۇقرالارنىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرىمىز، سىجىل ئاشۇرىمىز».

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«گەرچە يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولساقمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن زاكاز ئەھۋالى بىرقەدەر ياخشى بولدى. 3 - ئايدا، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە كەينى - كەينىدىن ئىش باشلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىركەتنىڭ زاكاز مىقدارى تۈز سىزىق بويىچە ئۆرلىدى. 4 - ئاينىڭ ئۆزىدىلا 1000 ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىلىپ، مەھسۇلات مىقدارىدا 2011 - يىلى زاۋۇت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.» شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش باش نازارەتچىسى جۇ ۋېيجۈن مۇنداق دېدى: بۇ يىلقى پۈتۈن يىللىق نىشانىمىز 5500 ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش، كېيىنكى يېرىم يىلدا تىرىشىپ 3000دىن ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرىمىز.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)نىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادى تەكشى، مۇقىم تەرەققىي قىلدى، سانائەت ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش ۋەزىيىتى ياخشى بولدى، تۈۋرۈك كارخانىلارنىڭ تۆھپىسى گەۋدىلىك بولدى. «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان پولات ماتېرىيالىغا بولغان ئېھتىياج تەدرىجىي ئېشىپ، پولات باھاسى سىجىل ئۆستى؛ جىنفېڭ پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ زاكازى يېتەرلىك بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشنى ساقلىدى؛ جابدۇق ياسىمىچىلىق تەدرىجىي جانلاندى، شەنشى ئاپتوموبىل پاي كونترول گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، دۇڭفېڭ ئاپتوموبىل گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، گۇاڭجۇ ئاپتوموبىل گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇردى، جولاڭ شىركىتىنىڭ توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى زور دەرىجىدە ئاشتى، چاڭجىڭ ئېلېكترون پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۇنجى «تيانشان» يۈرۈشلۈك كومپيۇتېرنى تولۇق ياساپ چىقتى.

دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسى ئېلان قىلغان ئەھۋالدا كۆرسىتىلىشىچە، ئالدىنقى يېرىم يىلدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا كۆلەمدىن يۇقىرى 3246 سانائەت كارخانىسىنىڭ قوشۇلما قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.0% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2.2 پىرسەنت پويىنت يۇقىرى بولغان. 6 - ئايدا، ئېشىش سۈرئىتى 12.2%كە يېتىپ، 2014 - يىلى 2 - ئايدىن بۇيانقى يەككە ئايلىق ئەڭ يۇقىرى ئېشىش ھەجمى يارىتىلغان.

«ئۈچ چوڭ تۈر» سىجىل ئومۇميۈزلۈك ئاشتى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كان ئېچىش كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5.1% ئاشتى، ياسىمىچىلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.2 پىرسەنت پويىنت يۇقىرى بولدى، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى ھەم سۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.3 پىرسەنت پويىنت يۇقىرى بولدى. ئېغىر سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى سىجىل تېزلىتىلىپ، ئالدىنقى يېرىم يىلدا قوشۇلما قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.4% ئاشتى. يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1.3% ئاشتى.

## نېفىت سانائىتىدىن باشقا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سۈرئىتى داۋاملىق تېزلەشتى

2020 - يىلى، شامال ئېلېكتر كەسپى تېز قوراشتۇرۇش دولقۇنىنى كۆتۈرۈپ، ھەرقايسى شامال ئېلېكتر جابدۇقچىلىق كارخانىلىرى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يەتتى. قومۇل «جۇڭچې» يېڭى ئېنېرگىيەلىك گېنېراتور چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ شياۋشياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: «بۇ يىل زاكاز مۇقىملىق ئاساسىدا ئاشتى، كارخانىمىز ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە پائال چارە تېپىپ، تەدبىر بەلگىلەپ، مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، جەمئىي بىۋاستە قوزغىلىدىغان تۇراقلىق ماگنىتلىق شامال كۈچى گېنېراتورىدىن 200دىن ئارتۇقنى ئىشلەپچىقىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 300 مىليون يۈەن ئەتراپىغا يەتتى.» 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، قومۇل شامال ئېلېكتر جابدۇق ياسىمىچىلىقىدا 1 مىليارد 630 مىليون يۈەنلىك سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئورۇندىلىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.5 ھەسسە ئاشتى.

ھازىرغىچە، شىنجاڭ گوتەي شىنخۇا كانچىلىق پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ BDO مەھسۇلاتىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 104 مىڭ توننىغا يېتىپ، پىلاندىكى مەھسۇلات مىقدارىدىن ئاشتى. بۇ يىل، شەرقىي جۇڭغار تەرەققىيات رايونىنىڭ كۆپ كرىستاللىق كرېمنىي، سانائەت كرېمنىي، PVC مەھسۇلات مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى، ئالدىنقى يېرىم يىلدا تەرەققىيات رايونىنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 36.4% ئېشىپ، يىللاردىن بۇيانقى يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلىپ، ئېشىش سۈرئىتى پۈتۈن شىنجاڭدىكى توققۇز دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇردى.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نېفىت سانائىتىدىن باشقا سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 8.2% ئېشىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 4.0 پىرسەنت پويىنت ئۆرلىدى. سانائەتتىكى 41 كەسىپ چوڭ تۈرى ئىچىدە، 22 كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتىدە ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئېشىش كۆلىمى 53.7%كە يەتتى.

## سانائەت يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىدە ئىككى خانىلىق سان بويىچە ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

يۈك توشۇيدىغان موكسىمان ماشىنىلار ئامباردىكى تۆت - بەش قەۋەتلىك مال جازىسىدىن ئاپتوماتىك مال ئېلىپ، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ؛ ئاپتوماتىك ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى پەقەت بىر ئادەمنىڭ نازارەت قىلىپ تىزگىنلىشىدە 24 سائەت ئۈزۈلدۈرمەي ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ... بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى ھەر كۈنى جولاڭ شىنجاڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنىسازلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ شىركەت ئەقلىي ئىقتىدارلىق زاۋۇتقا تايىنىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدىن پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

ئەمەلىيەتتە، ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى ساپلىقتىكى ئاليۇمىنىدىن كۆپ كرىستاللىق كرېمنىيغىچە، يېڭى تىپتىكى قۇرۇلۇش سولياۋىدىن يۇقىرى ئىقتىدارلىق تالالغىچە، نانومېتىرلىق ماتېرىياللارنى ئىشلىتىشتىن يېڭى تىپتىكى ئۇلترا ئۆتكۈزگۈچلۈك ماتېرىياللارنى ئېچىشقىچە، شىنجاڭنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپلىرى ئۆچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا.

بۇ يىل ئاپتونوم رايون ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سىياسەت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى ماتېرىيال كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ھەرىكەت پىلانى(2020 - يىلدىن 2022 - يىلغىچە)»نى چىقىرىپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىساد بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى يولغا قويۇش لايىھەسى»نى بېسىپ تارقىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپلەرنىڭ تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى كۈچەيتتى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، شىنجاڭنىڭ سانائەت يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىدە ئىككى خانىلىق سان بويىچە ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرى تېخنىكىلىق ياسىمىچىلىقنىڭ قوشۇلما قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 18.2% ئاشتى، سانائەت ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپلەرنىڭ 12.2% ئاشتى.

مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ رەقەملىك ئىقتىساد كۆلىمىنىڭ GDPدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 24.7%كە يەتكەن. كېيىنكى قەدەمدە، سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى ئەنئەنىۋى ئەۋزەل كەسپلەرنىڭ تېخىمۇ ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە داۋاملىق تۈرتكە بولۇپ، ئەنئەنىۋى ئەۋزەل كەسپلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ سانائەت ئىقتىسادىغا تىرەك بولۇشتىكى تۇراقلاشتۇرغۇچلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپلەرنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈپ، راۋاجلاندۇرۇپ، زامانىۋى جابدۇق ياسىمىچىلىقى، يېڭى ماتېرىيال، بىيو تېبابەت دورا، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر قاتارلىق كەسپلەرنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەسپلەرنىڭ ئېشىش يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرىدىكەن. سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، 5G، نەرسە تورى، چوڭ سانلىق مەلۇمات، رايون - بۆلەك زەنجىرى قاتارلىق يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ياسىمىچىلىق بىلەن بولغان يۇغۇرما تەرەققىياتىغا داۋاملىق تۈرتكە بولۇپ، سانائەت ئالاقە تورىنىڭ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىنى تېزلىتىپ، ياسىمىچىلىقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە كارخانا ھالىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ياسىمىچىلىقنىڭ رەقەملەشكەن، تورلاشقان، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدىكەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)